ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



ئەنۋەرجان مەتنىياز، چىمەنگۈل ئاۋۇت

يول قەلبتىن باشلىنىدۇ

(سۆھبەت خاتىرىسى)

ئەنۋەرجان: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم چىمەنگۈل، يىل بېشىدا باشقا ساھەلەردىكىگە ئوخشاش قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدىكى ئىشلارنىڭمۇ ئالدىراش ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، شۇنداقتىمۇ قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ، سىز بىلەن سۆھبەتلەشكىلى كەلدىم.

چىمەنگۈل: سىزگە كۆپ رەھمەت.

ئەنۋەرجان: ئالدى بىلەن «بارسا كەلمەس يول» ناملىق شېئىرلار توپلىمىڭىزنىڭ مەملىكەتلىك 9 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر «تۇلپار ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەنلىكىنى قۇتلۇقلايمەن.

چىمەنگۈل: قوۋم ـ قېرىنداشلارنىڭ، دوست ـ يارەنلەرنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن خوش بولۇش، قايغۇسى ئۈچۈن قايغۇرۇش ـ بىزنىڭ ئېسىل ئەخلاقى پەزىلەتلىرىمىزنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئادىمىيلىكنىڭ سەل قارىغىلى بولمايدىغان بەلگىسى. مېنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىمدىكى بۇ تاسادىپىيلىقتىن سۆيۈنگەن، مەندىن رىغبەت، مەدەتلەرنى ئايىمىغان ئۇستازلارغا، قەلەمكەش دوستلارغا، دىلكەشلەرگە مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

مەملىكەتلىك 9 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر «تۇلپار ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنى 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، گۇيجۇ ئۆلكىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن گۇيياڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن تەييارلىقىدىكى خاسلىق، قىزغىنلىق مېنى ئەدەبىيات ئىخلاسمەنى بولغانلىقىمدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر بولغانلىقىمدىن تولىمۇ ئىپتىخارلاندۇردى. سەۋەبى، بۇ قېتىمقى باھالاشتا باھالىغۇچىلارنىڭ ئانا تىل بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەرگە دىققەت ـ نەزىرىنى ئاغدۇرغانلىقى يىغىن باشلىنىشتىن تارتىپ تاكى ئاخىرلاشقىچە تەكرار قەيت قىلىندى. دۆلەت تىلى بىلەن يېزىقچىلىق قىلىدىغان چياڭزۇ، مانجۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى بىزگە سۆيۈنۈش بىلەن قاراۋاتقاندا، دولىمىزغا يېنىك ئۇرۇپ قويۇۋاتقاندا مەن بېشىمدىكى ئۇيغۇر دوپپىسى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئانا تىلىمىز بىلەن، ئۆگىمەس يېزىقىمىز بىلەنمۇ پەخىرلىنىش شەرىپىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن رازى بولدۇم.

ئەنۋەرجان: «بارسا كەلمەس يول»نى شېئىرلار توپلىمىڭىزغا ماۋزۇ قىلىپ تاللىشىڭىزدا قانداق سەۋەب بار؟

چىمەنگۈل: مەن ئەزەلدىن ئەسىرىم پۈتۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ماۋزۇ قويۇشقا ئادەتلەنگەن. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن ئۆرنەك ئالغان دېسەممۇ بولىدۇ. مەردۇ ـ مەردانىلىق، تەۋەككۇلچىلىك، ۋاپا ھەم ھاياتنىڭ ھاياتلىقتىكى سالىمىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان خەلق چۆچەكلىرىمىزنىڭ ئەلۋەتتە مېنىڭ قەلبىمدىمۇ يارقىن ئىزناسى بار. چۈنكى، «بارسا كەلمەس يول»

ئورنى بىلەن ئائىلىدىكى ئورنى، تۈگمەس باردى - كەلدىلەردىكى ئورنى بىلەن بالىلارنىڭ قەلبىدىكى ئورنىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىشىشى، بىزنى ئوراپ تۇرغان مۇھىتتىكى سۇيىئىستېمالغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقان كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر «ئاياللارنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈش» دېگەندەك شەكلەن ھادىسىلەرگە دەستەك بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. قىسقىسى، بىز ئاياللار ئۆز قەلبىمىزدىكى ئورنىمىزنى تىكلىيەلىسەك، بالىلىرىمىزنىڭ قەلبىدىكى ئورنىمىزنى تونۇيالىساق، ئۆزىمىزنىمۇ ھاياتنى سۆيگەندەك ھەقىقىي سۆيەلىسەك، تۈگمەس ۋايساشلاردىن مەمنۇنىيەتكە، نەپرەتتىن مۇھەببەتكە، چىدام ۋە غەيرەتكە تېخىمۇ بىمالال يۈزلىنەلەيمىز. مۇھىمى، يىگىتلىكنىڭ باش تارتقىلى بولمايدىغان، ئاتىلىقنىڭ ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئەركەكلەر ئەخلاقتىن ئىلگىرى مۇھەببەتتىن، سۆيۈلۈشتىن ئىلگىرى سۆيۈشتىن، تىل - ئاھانەتتىن ئىلگىرى قوغداشتىن سۆز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالىسىلا، بىز ئاياللار ئائىلىدىكى مۇھەببەت ھەم مەسئۇلىيەتتىن ئىبارەت يىمىرىلمەس ئورنىمىزنىڭ ھەممىدىن يۇقىرىلىقىنى تونۇپ ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز.

ئەنۋەرجان: بىر شائىرە بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن شېئىرىيىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆزلەپ بېرەمسىز؟

چىمەنگۈل: مېنى تەربىيىلىگەن ئۇستازلىرىم، ماڭا ھەمنەپەس بولغان قەلەمكەش دوستلىرىمنىڭ ئالدىدا، شېئىرىيىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە سۆزلەش ماڭا نىسبەتەن تولىمۇ بالدۇرلۇق قىلىدۇ. ئۆز - ئۆزىگە تەلەپ قويۇشمۇ بىر سەنئەت. شۇڭا مەن قەلبىمدىكى ئەدەبىياتقا بولغان ئىشتىياقىنىڭ، مۇھەببەتكە بولغان سەممىيلىكىنىڭ ھەقدارى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسى پىلانلىرىم ھەققىدىلا ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقاندا نەشر قىلىنغان «تەتۈر چېقىن» (شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 - يىلى) ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمىمنىڭ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ياخشى باھاغا ئېرىشىشى مېنى بۇ يولغا تېخىمۇ چەمبەرچاس باغلىدى. «قىساس غۇنچىسى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى)، «تاش ياپراق» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2003 - يىلى) ناملىق شېئىرلار توپلاملىرىم نەشردىن چىققاندىمۇ ئۇستازلارنىڭ ياخشى تىلەكلىرى، ئاتا - ئانامنىڭ خۇشاللىقى، دوستلىرىمنىڭ ئالقىشلىرى ماڭا مەدەت بولدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن 2004 - يىلىغىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئايال قەلەمكەشلەرنى باھالاشتا ئاپتونوم رايون بويىچە «ئون مۇنەۋۋەر ئايال ئەدىب»نىڭ بىرى بولۇپ باھالىنىشىم مېنى سەل قورۇندۇرغان بولسىمۇ، بىر ئانا ھەم كەسىپ ئەھلى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن ئۆزۈمدىكى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتنى تولۇق ھېس قىلدىم. مانا ئەمدى «بارسا كەلمەس يول» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ «تۇلپار ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشىشى مۇناسىۋىتى بىلەن بىز سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپتىمىز.

بۇ يىل «مېنىڭمۇ قانىتىم بار» دېگەن كىتابىمنى، يەنە بىر شېئىرلار توپلىمىمنى نەشرگە سۇندۇم. كېيىنچە سۆھبىتىمىزنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئاتا - ئانامنىڭ ماڭا سوۋغا قىلغان خاتىرىلىرىنى ئۆزگىچە ئۇسۇلدا رەتلەپ چىقىش ئويۇم بار. قىسقىسى، ئاياللارنىڭ ئارىسىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلار ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن «شائىرە» دەپ ئاتىلىپ قالمىسام، شېئىرلىرىمنى ئوقۇرمەنلىرىم قۇرۇقتىن - قۇرۇق ھېسسىيات دۆۋىسى دەپ قاراپ قالمىسا، مەن ئۇلارغا تېگىشلىك مەنە بوشلۇقى قالدۇرسام ... «بارسا كەلمەس يول»غا تەۋەككۇل قىلغىنىمدىن رازى بولىمەن، ئەلۋەتتە.

مۇھەررىر: ئەنۋەر ئىبراھىم